مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# شۇ فارۇق: ھاياتى بىلەن ئامانلىقنى قوغداش

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، نەنجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر چيۇ بىڭچىڭ) سۇجوۋ ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىدا بىر قەبرە تېشى بولۇپ، ئۇنىڭغا «شۇ فارۇقنىڭ قەبرىسى» دەپ يېزىلغان، قەبرە تېشىدىكى «ئۇ» مەڭگۈ شۇنداق ياش تۇرىدۇ.



شۇ فارۇقنىڭ سۈرىتى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

شۇ فارۇق، 1962 ـ يىلى 10 ـ ئايدا جياڭسۇ سۇجوۋنىڭ ۋۇشيەن ناھىيەسى دۇڭجۇ يېزىسىدىكى بىر نامرات دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. شۇ فارۇقنىڭ كىچىكىدىنلا نەتىجىسى ئەلا بولۇپ، 1982 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئىمتىھان بېرىپ ھەربىي مەكتەپكە ئۆتكەن، ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ مەلۇم قىسمىدا ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتىگەن. 1996 ـ يىلى، شۇ فارۇق كەسىپ ئالماشتۇرۇپ سۇجوۋ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ئەسلىدىكى جىنچاڭ شۆبە ئىدارىسى سەنيۈەن ساقچىخانىسىدا بىر ئاساسىي قاتلام خەلق ساقچىسى بولغان.

1997 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى سەھەر سائەت 2 ئەتراپىدا، سەنيۈەن ساقچىخانىسى جىنمېن يولى 388 ـ نومۇردىكى شىنسۈن ئاھالىسىنىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىرگەنلىكى توغرىسىدىكى دېلو مەلۇماتىنى تاپشۇرۇۋالغان، تەۋەلىك رايونىدا چارلاۋاتقان شۇ فارۇق دېلو مەلۇماتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بىرلەشمە مۇداپىئە ئەترىتىنىڭ ئىككى ئەزاسىنى باشلاپ، بىرىنچى ۋاقىتتا نەق مەيدانغا يېتىپ بارغان.

شۇ فارۇق ناھايىتى تېزلا يوۋ Xنى جىنايەت گۇماندارى دەپ مۇقىملاشتۇرغان. بىر مەھەل قورشاپ توسۇشتىن كېيىن، جىنايەت گۇماندارى ئىككىنچى قەۋەتنىڭ كارىدورىدا قورشاۋغا چۈشكەن. يوۋ Xنىڭ قولىدا ئۆزى ياسىۋالغان چاچما مىلتىق بارلىقىنى كۆرۈپ، شۇ فارۇق قىلچە قورقماي، ئۇنىڭغا قورالنى تاشلا، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋالماي ئېغىر خاتالىق سادىر قىلما، دەپ نەسىھەت قىلغان.

يوۋ X نەسىھەتكە قىلچە قۇلاق سالماي، دېرىزىدىن سەكرەپ قېچىشقا ئۇرۇنغاندا، بىرلەشمە مۇداپىئە ئەترىتىنىڭ ئىككى ئەزاسى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ بېرىپ ئالدىنى توسقان، كۆزىگە قان تولغان يوۋ X مىلتىقنى بىرلەشمە مۇداپىئە ئەترىتىنىڭ ئەزالىرىغا قاراتقان. قىل ئۇستىدە تۇرغان پەيتتە، شۇ فارۇق ئالدىغا ئۆتۈپ مىلتىق ئېغىزىنى توسۇۋالغان. «پاڭ» قىلغان ئاۋازدىن كېيىن، شۇ فارۇق قان ئىچىدە يىقىلغان، قارا نىيەت پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قېچىپ كەتكەن.

شۇ فارۇق دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلىپ جىددىي قۇتقۇزۇلغان بولسىمۇ، ئەمما چاچما ئوق ئۇنىڭ يۈز قىسمى ۋە بويىنىغا تەگكەچكە، يارىسى ئېغىر بولغانلىقتىن قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي، شەرەپ بىلەن خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغان، شۇ يىلى ئەمدىلا 35 ياشتا ئىدى. شۇ يىلى 12 ـ ئايدا يوۋ X سۇجوۋ ساقچىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلغان.

جياڭسۇ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، شۇ فارۇق ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تولۇقلاپ ئېتىراپ قىلىنغان ھەم 1997 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «مەملىكەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى 2 ـ دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى» دەپ تولۇقلاپ نام بېرىلگەن.

سۇجوۋ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى گۇسۇ شۆبە ئىدارىسى جىنچاڭ ساقچىخانىسىنىڭ خەلق ساقچىسى ما جېنفېڭ بىرنەچچە يىل ئىلگىرى ساقچىخانىغا كېلىپ خىزمەتكە چۈشكەندىلا شۇ فارۇقنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئاڭلىغان، بۇ يەرنىڭ شۇ فارۇق ھايات ۋاقتىدا جەڭ قىلغان جاي ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، بۇ شەرەپنى تېخىمۇ قەدىرلىگەن. «ئۇنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىنى ئاڭلاپ، ناھايىتى ھاياجانلاندىم ھەم ئۇنىڭغا چىن كۆڭلۈمدىن قايىل بولدۇم».

كۆپ يىللار ئۆتۈپ كەتتى، شۇ فارۇق ھايات ۋاقتىدا خىزمەت قىلغان سەنيۈەن ساقچىخانىسىنىڭ نامى بىرقانچە قېتىم ئۆزگەردى، ئۇنىڭ تەۋەلىك رايونى دائىرىسى، خىزمەت مۇھىتى ھەمدە جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىنىڭ تەلىپى، ئۇسۇلى قاتارلىقلاردا ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى. «ئەمما ئىنقىلابىي قەھرىمانلار، قۇربانلار ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن ساداقەتمەنلىك، باتۇرلۇق ئۆزگەرمەيدۇ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، قىلچىمۇ ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلىمەسلىك روھىمۇ ئۆزگەرمەيدۇ.» ما جېنفېڭ مۇنداق دېدى: كەلگۈسى خىزمەتلەردە ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ روھىنى داۋاملىق ياخشى ئەۋج ئالدۇرۇپ، چارلاش، دېلو مەلۇماتىنى تاپشۇرۇۋېلىپ ساقچى چىقىرىش، مەھەللىلەرنى زىيارەت قىلىش، ماجىرالارنى مۇرەسسە قىلىش، جىنايەتكە زەربە بېرىش قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئەمەللەشتۈرىمىز. پېشقەدەملەر ئورۇنداپ بولالمىغان ئىشلارنى «كىچىك ئۇلغۇچىلار» تاماملايمىز.

# جياڭشى پىڭشياڭدىكى ئۈچ قەھرىمان ـ قۇربان: قارا نىيەتلەر بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشىپ پىداكارلىق كۆرسىتىش

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، نەنچاڭ، 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار مىن زۈنتاۋ، لو چېڭ) جياڭشىنىڭ پىڭشياڭ شەھىرى شاڭلى ناھىيەسىدە، كىشىلەر ئىلگىرى شۇ جاينىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن قارا نىيەتلەر بىلەن ئېلىشىش جەريانىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان ئۈچ نەپەر قەھرىمان، قۇربانىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ: ليۇ يۈنشېڭ، شى خۇڭبى، پېڭ شىنئەن.

ليۇ يۈنشېڭ، 1969 ـ يىلى تۇغۇلغان، جياڭشى پىڭشياڭدىن، خەنزۇ. 1988 ـ يىلى 12 ـ ئايدا جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان، 1996 ـ يىلى 12 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن، پىڭشياڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى شاڭلى شۆبە ئىدارىسى تۇڭمۇ ساقچىخانىسىنىڭ خەلق ساقچىسى، جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى چوڭ ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن چوڭ ئەترەت باشلىقى، چوڭ ئەترەت باشلىقى بولغان، 2 ـ دەرىجىلىك مەسئۇل ساقچى.

شى خۇڭبى، 1973 ـ يىلى تۇغۇلغان، جياڭشى پىڭشياڭدىن، خەنزۇ. 1995 ـ يىلى 1 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن، 1996 ـ يىلى 9 ـ ئايدا جياڭشى ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئالىي تېخنىكومنى پۈتكۈزۈپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان، شاڭلى شۆبە ئىدارىسى جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى چوڭ ئەترىتىنىڭ خەلق ساقچىسى بولغان، پىراكتىكانت ساقچى.

پېڭ شىنئەن، 1968 ـ يىلى تۇغۇلغان، جياڭشى پىڭشياڭدىن، خەنزۇ. 1989 ـ يىلى 9 ـ ئايدا جياڭشى ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئالىي تېخنىكومنى پۈتكۈزۈپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان، شاڭلى شۆبە ئىدارىسى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا بۆلۈمىنىڭ خەلق ساقچىسى، جىنشەن ساقچىخانىسىنىڭ خەلق ساقچىسى، مۇئاۋىن ساقچىخانا باشلىقى بولغان، 2 ـ دەرىجىلىك مەسئۇل ساقچى.

ليۇ يۈنشېڭ، شى خۇڭبى، پېڭ شىنئەن خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىن، مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا خىزمەت قىلىپ، تەۋەلىك رايونىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان. بۇنىڭ ئىچىدە ليۇ يۈنشېڭ شەرەپ بىلەن بىر قېتىم شەخسلەر بويىچە 3 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن، يەتتە قېتىم تەقدىرلەنگەن. شى خۇڭبى شەرەپ بىلەن بىر قېتىم شەخسلەر بويىچە 3 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن، بىر قېتىم تەقدىرلەنگەن. پېڭ شىنئەن ئالتە قېتىم تەقدىرلەنگەن.

1997 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى سەھەردە، پىڭشياڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى شاڭلى شۆبە ئىدارىسى قوراللىق ئادەم ئۆلتۈرۈپ قېچىپ يۈرگەن جىنايەتچىنى قورشاپ تۇتۇش جېڭىنى تەشكىللىگەن. شاڭلى شۆبە ئىدارىسى جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى چوڭ ئەترىتىنىڭ چوڭ ئەترەت باشلىقى ليۇ يۈنشېڭ تۇتۇش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ ئالدى بىلەن جىنايەتچى يوشۇرۇنغان بىناغا بۆسۈپ كىرگەن، ئۈچىغا چىققان ياۋۇز جىنايەتچى غالجىرانە ئوق چىقىرىپ، قول بومبىسى تاشلاپ قارشىلىق كۆرسەتكەن.

ليۇ يۈنشېڭ قىلچە تەمتىرىمەي، چەبدەسلىك بىلەن سەپداشلىرىنىڭ چېكىنىشىنى ھىمايە قىلغان، ئويلىمىغان يەردىن جىنايەتچى تۇيۇقسىز ئىككىنچى قەۋەتتىن بىرىنچى قەۋەتكە قېچىپ چۈشكەن، ليۇ يۈنشېڭ كەسكىن ھالدا جىنايەتچى بىلەن روبىرو ئېتىشقاندا، بەختكە قارشى ئوق تېگىپ ئېغىر يارىلانغان، لېكىن ئۇ يەنىلا قەيسەر ئىرادە بىلەن، ئوق چىقىرىپ قايتۇرما زەربە بېرىپ، ئوقنى جىنايەتچىنىڭ سول قوۋۇرغىسىغا تەگكۈزگەن، ئاخىرىدا ئوقى تۈگەپ، بېشىغا يەنە بىر قېتىم ئوق تېگىپ، قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

شاڭلى شۆبە ئىدارىسى جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى چوڭ ئەترىتىنىڭ خەلق ساقچىسى شى خۇڭبى باشتىن ـ ئاخىر ئەڭ ئالدىدا ئېتىلىپ، بىلىكى قول بومبىسى پارتلاش تۈپەيلىدىن يارىلانغان ئەھۋالدىمۇ، قاتتىق ئاغرىققا بەرداشلىق بېرىپ يەنە بىر قېتىم ئۆيگە بۆسۈپ كىرگەن. ئۇ جىنايەتچىنىڭ باللىرى بىلەن ئاياللىرىنى جىددىي قۇتقۇزۇۋاتقان ئىككى سەپدىشىغا كەينىدىن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلماقچى بولغانلىقىنى بايقاپ، دەرھال جىنايەتچىگە ئوق چىقىرىپ، جىنايەتچىنىڭ ئوت كۈچىنى ئۆزىگە قارىتىپ، سەپداشلىرىنى ھىمايە قىلىمەن، دەپ بەختكە قارشى بېشىغا ئوق تېگىپ قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

شاڭلى شۆبە ئىدارىسى جىنشەن ساقچىخانىسىنىڭ مۇئاۋىن ساقچىخانا باشلىقى پېڭ شىنئەن جەڭدە ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي بازىنى چىڭ ساقلىغان، جىنايەتچى ئارقا ئىشىكتىن قېچىشقا ئۇرۇنغاندا، پىداكارلىق بىلەن ئېتىلىپ بېرىپ توسقان، تۆت مېتىر ئارىلىق قالغاندا قوراللىق ئېتىشقان، ئېغىر يارىلانغان بولسىمۇ جىنايەتچىنى قىستاپ كېلىپ ئوق چىقىرىپ، ئاخىر جىنايەتچىنى ئېغىر يارىلاندۇرۇپ يەرگە يىقىتقان، ياردەمگە كەلگەن خەلق ساقچىلىرى جىنايەتچىنى تۇتقان. يولداش پېڭ شىنئەن بىرقانچە يېرىگە ئوق تەگكەن، يارىسى بەك ئېغىر بولغاچقا، قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

1997 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، ليۇ يۈنشېڭ، شى خۇڭبى، پېڭ شىنئەنگە جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى 1 ـ دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى دېگەن نامنى تولۇقلاپ بەرگەن. «بىز ھەر يىلى چىڭمىڭدا، 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدە، ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە كۈنىدە ‹15 ـ ئاۋغۇست›تىكى جەڭگە قاتناشقان خەلق ساقچىلىرى ۋە يېڭى ساقچىلارنى تەشكىللەپ، ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا بېرىپ گۈل تەقدىم قىلىش، قەھرىمانلار، قۇربانلارغا تەزىيە بىلدۈرۈش، قەھرىمانلار، قۇربانلارنىڭ خەلق ئاممىسىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆمۈرۋايەت ئۆزىنى بېغىشلاش روھىغا ۋارىسلىق قىلىش»قا تەشكىللەيمىز، دەپ بىلدۈردى شاڭلى ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىكى ئالاقىدار مەسئۇل كىشى.

بۈگۈنكى كۈندە، ئىنقىلابىي قۇربان ليۇ يۈنشېڭ، پېڭ شىنئەننىڭ ئەۋلادلىرىمۇ ساقچى فورمىسى كىيىپ، ئەجدادلىرىنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، خەلق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىشلىرىغا ئاتلاندى.

# يىن مىڭجى: زەھەر ئەتكەسچىلىرى بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىپ 20 يېشىدا چېگرا رايونىدا قۇربان بولۇش

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، كۈنمىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر ۋاڭ يەن) ئۇ غەربىي جەنۇبتىكى چېگرا رايون — يۈننەن ئۆلكىسىدىكى بىر چېگرا مۇداپىئە جەڭچىسى. 1997 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، ئۇ زەھەر ئەتكەسچىلىرىنى تۇتىدىغان چاغدا دېلو بېجىرىشكە ياردەملەشكەن ئاممىنى قوغداش ئۈچۈن، قولىغا قاتىللىق قورالى ئالغان بىرنەچچە زەھەر ئەتكەسچىسى بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشقان. بەدىنىنىڭ ئون نەچچە يېرىگە قىلىچ تىقىلغان ئەھۋالدا، ئۇ يەنىلا زەھەر ئەتكەسچىسىنى چىڭ قۇچاقلاپ قويۇپ بەرمەي، ئاخىر قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان. شۇ يىلى يىن مىڭجى ئاران 20 ياشتا ئىدى.



يىن مىڭجىنىڭ سۈرىتى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

يىن مىڭجى 1976 ـ يىلى 10 ـ ئايدا يۈننەن ئۆلكىسى دېخۇڭ دەيزۇ ـ جىڭپوزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى يىڭجياڭ ناھىيەسىدىكى بىر ئاساسىي قاتلام كادىر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. گەرچە ئۇ خەنزۇ بولسىمۇ، لېكىن ئاز سانلىق مىللەت رايونىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەچكە، دەيزۇ تىلى، جىڭپو تىلى ۋە بىرما تىلىنى بىلەتتى. يىن مىڭجى كىچىكىدىنلا زەھەرنىڭ نۇرغۇن ئائىلىنى خانىۋەيران قىلغانلىقىغا دائىر مىساللارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەچكە، زەھەردىن قاتتىق نەپرەتلىنەتتى. 1994 ـ يىلى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن يىن مىڭجى تەشەببۇسكارلىق بىلەن چاقىرىققا بىنائەن ھەربىي سەپكە قاتناشقان. ئەسلىدىكى دېخۇڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى چېگرا مۇداپىئە تارماق ئەترىتى (ھازىرقى دېخۇڭ چېگرا باشقۇرۇش تارماق ئەترىتى)دىكى جاڭفېڭ چېگرا مۇداپىئە خىزمەت پونكىتىدا يىن مىڭجى جاپا ـ مۇشەققەتكە چىدايدىغان پەزىلىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، تىرىشىپ مەشىق قىلىپ ئۆزىنىڭ ماھارىتىنى كۈچەيتكەن. نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغاچقا، ئۇ ئىلگىرى ئالتە قېتىم تەقدىرلەنگەن، «لېي فېڭدىن ئۆگىنىش ئۈلگىسى» «مۇنەۋۋەر ئەسكەر» بولۇپ باھالانغان ھەمدە مەجبۇرىيەت ئۆتىگۈچى ئەسكەرلىك سالاھىيىتى بىلەن مۇئاۋىن بەنجاڭلىققا ئۆستۈرۈلگەن.

ۋاقىت ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كەتتى. 1997 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، يىن مىڭجىنىڭ ھەربىي سەپتىن چېكىنىشىگە يەنە تۆت ئاي قالغانىدى. شۇ كۈنى، پونكىت بىر كىشىنىڭ بىرمىدىن بىر تۈركۈم زەھەر سېتىۋېلىپ، پۇرسەت تېپىپ چېگرادىن ئوغرىلىقچە ئېلىپ كىرىشكە تەييارلىنىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى بىر مۇھىم يىپ ئۇچىغا ئېرىشكەن. شۇنىڭ بىلەن مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى قۇرۇلغان ھەمدە دېلونى پاش قىلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغان. دېلو ئەھۋالىنى ئىنچىكە تەھلىل قىلىش، ھۆكۈم قىلىش ئارقىلىق، مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى رازۋېدكا قىلىپ پاش قىلىش لايىھەسىنى تۈزۈپ چىققان، لېكىن لايىھە «مال تاپشۇرۇۋالغۇچى»دىن ئىبارەت ئاچقۇچلۇق شەخسكە موھتاج بولغان. يولۋاس ئۇۋىسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىدىغان بۇ كىشى يۈرەكلىك، ئەستايىدىل، ماھارىتى كۈچلۈك، كاللىسى ئۆتكۈر بولۇشى كېرەك ئىدى، قايتا ـ قايتا ئويلىشىش، تاللاش ئارقىلىق، يىن مىڭجى شەرەپ بىلەن بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان.

شۇ كۈنى كەچتە، يىن مىڭجى سەپداشلىرى بىلەن لۇڭچۈەن ناھىيەسى جاڭفېڭ بازىرى لايىڭ كەنتىگە يېتىپ بارغان، ئۇ «مال تاپشۇرۇۋالغۇچى» سىياقىدا ياسانغان، سەپداشلىرى بولسا يوشۇرۇن جايدا پىستىرما قۇرغان. تۆت ـ بەش سائەت ساقلىغاندىن كېيىن، كېچە سائەت 11دىن ئاشقاندا، بىر زەھەر ئەتكەسچىسى پەيدا بولغان، يىن مىڭجى دېلو بېجىرىشكە ياردەملەشكەن ئاممىغا ياخشى تەييارلىق قىلىشقا ئىشارەت قىلىپ، ئۆزى يالغۇز ئۇنىڭ ئالدىغا بارغان. لېكىن ھېيلىگەر زەھەر ئەتكەسچىسى تۇيۇقسىز ئاپتوموبىلدا سودا قىلىشنى رەت قىلىپ، ئاۋۋال پۇل ئېلىشنى تەلەپ قىلغان. يىن مىڭجى تەمكىنلىك بىلەن پۇلنى قارشى تەرەپكە سۇنغان، زەھەر ئەتكەسچىسى چاتاق يوقلۇقنى مۇئەييەنلەشتۈرگەندىن كېيىن شېرىكلىرىگە مەخپىي بەلگە بەرگەن. بىر ئازدىن كېيىن، بىر ئەر بىر خالتىنى يۈدۈپ كەلگەن، يىن مىڭجى دەرھال دېلو بېجىرىشكە ياردەملەشكەن ئاممىغا «مال تەكشۈرۈش» ئىشارىتى قىلغان، زەھەر ئىكەنلىكى جەزملەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇ سەپداشلىرىغا ھەرىكەتكە كېلىش مەخپىي بەلگىسى بەرگەن.

بۇ چاغدا، ئىككى زەھەر ئەتكەسچىسى تۇيۇقسىز پىچاق چىقىرىپ پۇل، مالنى بۇلىماقچى بولغان، يىراقتىن يەنە بەش ئادەم يۈگۈرۈپ كەلگەن، ئۇلارنىڭ قولىدا قىلىچ بار ئىدى. يىن مىڭجى زەھەر ئەتكەسچىلىرى بىلەن جان تىكىپ ئېلىشقان، دېلو بېجىرىشكە ياردەملەشكەن ئاممىنىڭ تۆت زەھەر ئەتكەسچىسى تەرىپىدىن قورشىۋېلىنغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكى بىلەن ھېسابلاشماي، ئېتىلىپ بېرىپ، قىلىچلارنى بەدىنى بىلەن توسقان.

ئۇ تەرەپتىن سەپداشلىرى ئۇنىڭغا قاراپ ئۇچقاندەك كېلىۋاتاتتى. بۇ تەرەپتە، زەھەر ئەتكەسچىلىرى قاچماقچى بولۇۋاتاتتى. قورسىقىنىڭ سول ئاستىنقى قىسمىغا قىلىچ تىقىلغان يىن مىڭجى ئورنىدىن تۇرغان. ئۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان كۈچلۈك غەيرىتى بىلەن بىر زەھەر ئەتكەسچىسىنى چىڭ قۇچاقلىۋالغان، غالجىرلاشقان زەھەر ئەتكەسچىسى قولىدىكى قىلىچنى توختىماي شىلتىغان... سەپداشلىرى يېتىپ كەلگەندە، يىن مىڭجىنىڭ بەدىنىنىڭ ئون نەچچە يېرىگە قىلىچ تىقىلغانىدى، بەدىنىدىن ئاققان قان ئۇنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى ۋە ئۇ تۇرغان جاينى قىپقىزىل بويىۋەتكەنىدى، زەھەر ئەتكەسچىسىمۇ ھالسىزلانغان يىن مىڭجىدىن بوشىنىپ چېگرا سىرتىغا قېچىپ كەتكەنىدى. جىددىي قۇتقۇزۇلغان بولسىمۇ، يىن مىڭجىنىڭ يارىسى ئېغىر بولغاچقا، ئەتىسى تاڭ سەھەردە قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى. شۇ كۈنى، چوڭ سىڭلىسى يىن مىڭشيانىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىدى، ئەسلىدە ئىشنى تۈگىتىپ تېلېفون قىلىپ، سىڭلىسىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلىمەكچى بولغان يىن مىڭجى ئەمدىلىكتە مەڭگۈ گەپ قىلالمايدىغان بولدى.

يىن مىڭجى قۇربان بولغاندىن كېيىن، 1997 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، يۈننەن ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى ئۇنى 1 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ تولۇقلاپ ئەنگە ئالغان؛ 1997 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، يۈننەن جامائەت خەۋپسىزلىكى چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى ئۇنى كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى دەپ تولۇقلاپ ئېتىراپ قىلغان؛ 1998 ـ يىلى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىغان. ھەر يىلى چىڭمىڭدا، يىن مىڭجى ھايات ۋاقتىدا تۇرغان ئورۇن كوماندىر ـ جەڭچىلەرنى ئۇنىڭ قەبرىسى ئالدىغا بېرىپ قەبرە سۈپۈرۈشكە تەشكىللەپ، ئۇلارغا قەھرىمانلار، قۇربانلارنىڭ ئىرادىسىگە، قەھرىمانلار، قۇربانلارنىڭ روھىغا ۋارىسلىق قىلىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىدۇ، يېتەكلەيدۇ.

يىن مىڭجىنىڭ ئىككىنچى سىڭلىسى يىن مىڭيەن كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا ئاكىسىنىڭ نەرسىلىرىنى رەتلەۋاتقاندا، ئاكىسىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىگە «زەھەر چەكلەش كۈرىشى سېپىگە قاتنىشىپ، بىر كىشىلىك كۈچ چىقىرىپ، بىر كىشىلىك ھەسسە قوشىمەن» دەپ يازغانلىقىنى كۆرۈپ، قەتئىيلىك بىلەن ھەربىي سەپكە كىرىشنى قارار قىلدى. 1998 ـ يىلى، يىن مىڭيەنمۇ بىر چېگرا مۇداپىئە جەڭچىسى بولدى، ھەربىي سەپكە كىرگەن 21 يىلدىن بۇيان، ئۇ زەھەر دېلوسىدىن جەمئىي 27نى تەكشۈرۈپ پاش قىلىپ، 120 كىلوگرامدىن ئارتۇق زەھەرنى قولغا چۈشۈردى ھەمدە شەرەپ بىلەن 3 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى. بۈگۈنكى كۈندە، ئۇ دېخۇڭ چېگرا باشقۇرۇش تارماق ئەترىتىنىڭ بىردىنبىر ئايال جياۋداۋيۈەنى بولۇپ يېتىلدى.